# شى جىنپىڭ كېلىشكىنى بويىچە فرانسىيە زۇڭتۇڭى ماكرون بىلەن تېلېفونلاشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

فرانسىيەدە مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولدۇم، بىز بىرلىكتە ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئاچتۇق. ئىككى تەرەپنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ئۆزئارا ئىشەنچى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەندى، ئىقتىساد ـ سودا، ئادەمىيەت قاتارلىق ساھەلەردىكى ئەمەلىي ھەمكارلىقتا يېڭى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، خەلقئارا ئىشلاردىكى ئالاقىلىشىش، ماسلاشتۇرۇش تېخىمۇ ئۈنۈملۈك بولدى. مەن سىز بىلەن ئالاقىلىشىش ۋە پىكىر ئالماشتۇرۇشنى ساقلاپ، ئىككى دۆلەت ھەمكارلىقىدا تېخىمۇ كۆپ يۇقىرى سۈپەتلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشنى، ئورتاق ھالدا كۆپ تەرەپچىلىكنى قوغداپ، يەككە تەرەپچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ئېچىۋېتىش تىپىدىكى دۇنيا ئىقتىسادىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، قول تۇتۇشۇپ يەر شارىۋى خىرىسقا تاقابىل تۇرۇشنى خالايمەن. جۇڭگو تەرەپ فرانسىيە تەرەپنىڭ 2 ـ نۆۋەتلىك پارىژ تىنچلىق مۇنبىرى ئۆتكۈزۈشىنى پائال قوللايدۇ. فرانسىيە تەرەپنىڭ ئاساسلىق مېھمان دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلۈش ئالدىدا تۇرغان 2 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسىگە قاتنىشىشىنى قارشى ئالىدۇ.

ماكرون مۇنۇلارنى بىلدۈردى: مەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى يەنە بىر قېتىم تەبرىكلەيمەن. فرانسىيە ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتى قويۇق بولۇپ، ئۇزاققا سوزۇلغان. رەئىس شى جىنپىڭنىڭ بۇ يىل 3 ـ ئايدا فرانسىيەدە دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولغانلىقى فرانسىيە ـ جۇڭگو ئومۇمىيۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ئىلگىرىلەپ تەرەققىي قىلىشىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولدى. ھازىرقى ۋەزىيەتتە، فرانسىيە ـ جۇڭگونىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئالاقىنى ساقلىشى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. فرانسىيە تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن سودا، پۇقراۋى يادرو ئېنېرگىيەسى، ئاۋىياتسىيە، مەدەنىيەت قاتارلىق ساھەلەردىكى ئالاقىلىشىش، ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى، كۆپ تەرەپچىللىكنى ئورتاق گۈللەندۈرۈپ، مۇھىت، كلىمات ئۆزگىرىشى قاتارلىق مۇھىم، زور يەر شارىۋى مەسىلىلەرگە قول تۇتۇشۇپ تاقابىل تۇرۇشنى خالايدۇ. مەن رەئىس شى جىنپىڭ بىلەن قويۇق ئالاقىنى ساقلايمەن، يېقىن كەلگۈسىدە جۇڭگودا يەنە بىر قېتىم زىيارەتتە بولۇشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىمەن. فرانسىيە تەرەپ 2 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسىنى پائال قوللايدۇ.

ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى يەنە ئورتاق كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىم، زور خەلقئارا ۋە رايون مەسىلىلىرىدە قاراشلىرىنى ئالماشتۇردى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭ تەبرىك خېتىدە مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: دېڭىز ـ ئوكيان ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە تەرەققىياتىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، دېڭىز ـ ئوكيان ھاياتلىقنى بارلىققا كەلتۈردى، دۇنيانى تۇتاشتۇردى، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈردى. دېڭىز ـ ئوكيان يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىدىكى مۇھىم جاي. دېڭىز ـ ئوكيان پەن ـ تېخنىكىسىدا يېڭىلىق يارىتىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، دېڭىز ـ ئوكيان بايلىقىنى ئېچىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، دېڭىز ـ ئوكياننىڭ ئىستراتېگىيەلىك يېڭى گۈللەنگەن كەسىپلىرىنى يېتىلدۈرۈش، زورايتىش كېرەك. دېڭىز ئۈستى ئالاقىسىنى راۋانلاشتۇرۇپ ۋە ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئەمەلىي ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈپ، «كۆك رەڭلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى»نى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك. دېڭىز ـ ئوكيان ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، دېڭىز ـ ئوكيان مۇھىتى بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، دېڭىز ـ ئوكيان جانلىقلىرىنىڭ كۆپ خىللىقىنى قوغداپ، دېڭىز ـ ئوكيان بايلىقىنى تەرتىپلىك ئېچىش ـ پايدىلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، كەلگۈسى ئەۋلادلار ئۈچۈن يېشىل دېڭىز، كۆك ئاسمان قالدۇرۇش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: 2019 ـ يىللىق جۇڭگو دېڭىز ـ ئوكيان ئىقتىساد كۆرگەزمىسىنى ئۆتكۈزۈشتىكى مەقسەت دۇنيادىكى دېڭىز بويىدىكى دۆلەتلەر ئۈچۈن ئوچۇق ھەمكارلىق، ئورتاق پايدا ئېلىپ ئورتاق بەھرىلىنىش سۇپىسى قۇرۇشتىن ئىبارەت. كۆپچىلىكنىڭ ئۆزئارا ئىشىنىش، ئۆزئارا ياردەم بېرىش، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەت خەلقىنى دېڭىز ـ ئوكيان ئىقتىسادىي تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن ئورتاق بەھرىلەندۈرۈشنى ئۈمىد قىلىمەن.

10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، 2019 ـ يىللىق جۇڭگو دېڭىز ـ ئوكيان ئىقتىساد كۆرگەزمىسى شېنجېندا ئېچىلدى. ئېچىلىش مۇراسىمىدا شى جىنپىڭنىڭ تەبرىك خېتى ئوقۇپ ئۆتۈلدى.

2019 ـ يىللىق جۇڭگو دېڭىز ـ ئوكيان ئىقتىساد كۆرگەزمىسىدە «كۆك رەڭلىك پۇرسەت، كەلگۈسىنى ئورتاق يارىتىش» باش تېما قىلىنغان بولۇپ، 450تىن ئارتۇق كارخانا ۋە ئاپپارات كۆرگەزمىگە قاتنىشىشقا جەلپ قىلىنىپ، زامانىۋى پورت قۇرۇلۇشى، دېڭىز ـ ئوكيان يۇقىرى ـ يېڭى تېخنىكىسى بىلەن جابدۇق ياسىمىچىلىقى، دېڭىز ـ ئوكيان ھاسىلىي ئېنېرگىيەسىدىن پايدىلىنىش، دېڭىز سۈيىنى تۇزسىزلاشتۇرۇش بىلەن ئۇنىۋېرسال پايدىلىنىش قاتارلىق قىزىق نۇقتا ساھەلىرى نۇقتىلىق چۆرىدىلىپ، يېڭى تېخنىكا نەتىجىلىرى ئوتتۇرىغا چىقىرىلىپ، جۇڭگو، چەت ئەل كارخانىلىرىنىڭ ھەمكارلىق ئۈستىدە كېڭىشىشى ئالغا سىلجىتىلىدۇ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، خۇاڭخې دەرياسىنى تۈزەشتە غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسىنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشىدا ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىش بولدى. سۇ، قۇمنى تۈزەشتە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ـ ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلۈپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت سېجىل، كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىپ، تەرەققىيات سەۋىيەسى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە شۇنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈش كېرەككى، ھازىر خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسىدا يەنىلا بەزى گەۋدىلىك قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەر مەۋجۇت، كەلكۈن خەتىرى يەنىلا دەريا ۋادىسىدىكى ئەڭ چوڭ تەھدىت، دەريا ۋادىسىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتى ئاجىز، سۇ بايلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ۋەزىيىتى كەسكىن، تەرەققىيات سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ مەسىلىلەرنىڭ يۈزەكى ئىپادىسى خۇاڭخې دەرياسىدا، يىلتىزى ۋادىدا.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: خۇاڭخې دەرياسىنى تۈزەشتە مۇھىم بولغىنى ئاسراش، زۆرۈر بولغىنى تۈزەش. بىرىنچى، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراشنى كۈچەيتىش كېرەك. ئىككىنچى، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئۈچىنچى، سۇ بايلىقىدىن تېجەشلىك، تۈجۈپىلىك پايدىلىنىشنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. تۆتىنچى، خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسىنى يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. بەشىنچى، خۇاڭخې مەدەنىيىتىنى قوغداش، ۋارىسلىق قىلىش، ئەۋج ئالدۇرۇش كېرەك.

ماقالىدە مۇنداق كۆرسىتىلدى: خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسىنىڭ ئېكولوگىيەسىنى ئاسراش ۋە يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىي قىلدۇرۇشقا بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەشنى چىڭ تۇتۇپ قانات يايدۇرۇپ، مۇھىم، زور مەسىلىلەر تەتقىقاتىنى كۈچەيتىپ، تۈزۈلمە ـ مېخانىزمدا كۈچەپ يېڭىلىق يارىتىش كېرەك.

---

# قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ ھاللىق سەۋىيەگە يۈرۈش قىلىش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

## شادلىق ناخشىسى يەنە ياڭرىدى

### «نامراتلارنىڭ نامرىتى» يېڭىچە قىياپەتنى نامايان قىلدى

مەشتىكى چوغ ئۈستىگە قويۇلغان «قورسقى»غا باچكا سېلىنغان چوڭ تاۋۇزنىڭ خۇش پۇرىقى كىشىنى جەلپ قىلاتتى؛ رەتلىك، پاكىز كېچىلىك يايما ئورنى يېنىدىكى مىللىيچە خاسلىققا ئىگە ناخشا ـ ئۇسسۇل كۆپچىلىكنىڭ دىققىتىنى تارتاتتى... تۈن پەردىسى يېپىلىشى بىلەن، خوتەن كەچلىك بازىرى يەنە قىزىپ كەتتى.

تەخمىنەن 500 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قەشقەر كونا شەھىرىدە جاي ـ جايلاردىن كەلگەن ساياھەتچىلەر سەھەردىلا شەھەر دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەنىدى، سەل كېچىكىپ قالسا «شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىش» مۇراسىمىنى پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ بويۇنىنى سوزۇپ كۆرۈشكە توغرا كېلەتتى.

يىراقتىكى توغراقلىقتا، ساياھەتچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى...

ئەمدىلا ئۆتۈپ كەتكەن دۆلەت بايرىمىلىق دەم ئېلىش مەزگىلىدە، جەنۇبىي شىنجاڭ ساياھىتىدىكى «جەزمەن بارىدىغان» مەنزىرىلىك جايلار يەنە بىر قېتىم قىزىپ كەتتى.

ساياھەتچىلىكنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشى، شۇ جايدىكى نامرات ئاممىنىڭ ھەميىنىنى تومپايتتى. «كەلگەن ساياھەتچىلەر ئىنتايىن كۆپ، كۈندە ئالدىراشلىقتىن يېتەشەلمەي قالىمىز.» ئابدۇراخمان تۇرسۇن پوسكام ناھىيەسى پوسكام يېزىسى يۇقىرى قالغىرىق كەنتىدىن بولۇپ، ئەمدىلا نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، تۇرمۇشىدىكى ئۆزگىرىشلەر تىلغا ئېلىنسا، يىگىتنىڭ خۇشاللىقتىن ئېغىزى يۇمۇلمايلا قالىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ جەمئىيىتى، ئىقتىسادى كۈنسېرى مۇقىم بولدى، گۈللەندى، يېشىل تەرەققىيات ئىدىيەسى كىشىلەر قەلبىدىن بارغانسېرى چوڭقۇر ئورۇن ئالدى، ئۆزگىچە تەبىئىي مەنزىرە ۋە ئۆرپ ـ ئادەت كۈنسېرى كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان سېھرىي كۈچىنى نامايان قىلدى، ساياھەتچىلىك شىددەت بىلەن تېز ئېشىش ۋەزىيىتىنى كۆتۈۋالدى.

بۇ يىل 1 ـ ئايدىن 9 ـ ئايغىچە، شىنجاڭ كۈتۈۋالغان دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىن كەلگەن ساياھەتچى 183 مىليون 858 مىڭ 400 ئادەم قېتىم بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 40.9% ئاشتى؛ ساياھەت كىرىمى 304 مىليارد 638 مىليون يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 40.78% ئاشتى، تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى.

ئىچكىرى رايونلاردىكى سودىگەرلەرمۇ مول ھوسۇل مەزگىلىدە شىنجاڭدا جەم بولدى. ھازىر تارىم ئويمانلىقىدىكى ياڭاق، چىلان قاتارلىق مېۋىلەر ھوسۇل مەزگىلىگە كىرگەن بولۇپ، ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش رايونى ۋە سودا يىغىلىش، تارقىلىش بازارلىرىنى چۆرىدىگەن ھالدا بېكىتىدىن قۇرۇلغان ھەرقايسى چوڭ توپ سېتىش سودا بازارلىرىغا كېلىپ ـ كېتىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي ناھايىتى قىزىپ كەتتى.

«بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى سېتىۋېلىش سودىگەرلىرى ۋە ئەتراپتىكى ياڭاق ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىدىكى توپ سېتىش سودىگەرلىرى بەس ـ بەستە يېتىپ كېلىدۇ، بۇ يەر تېخىمۇ قىزىپ كېتىدۇ.» شىنجاڭ ياڭاق (خوتەن) توپ سېتىش سودا بازىرىنىڭ مەسئۇلى گاۋ گوۋېي مۇنداق دېدى: جەنۇبىي شىنجاڭدىكى خاس باغۋەنچىلىك ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش رايونى، رايون سودا يىغىلىش، تارقىلىش ئورۇنلىرىدىكى توپ سېتىش سودا بازارلىرى خاس باغۋەنچىلىكنىڭ رىقابەت ئەۋزەللىكىنى ئۆستۈرۈش، كەسىپلەرنىڭ يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇھىم تۇتقىغا ئايلاندى.

جەنۇبىي شىنجاڭدا تارىم ئويمانلىقىنى چۆرىدەپ 12 مىليون مو خاس باغ ـ ئورمان بەرپا قىلىندى، شۇ جايدىكى دېھقانلارنىڭ 30%تىن كۆپرەك كىرىمى باغۋەنچىلىكتىن كېلىدۇ، بىر قىسىم نۇقتىلىق باغۋەنچىلىك ناھىيەلىرىدە ھەتتا يېرىمىدىن ئېشىپ كېتىدۇ. بىراق، بازار، رايون ئورنى، تېرىقچىلىق تېخنىكىسى قاتارلىق ئامىللارنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، شىنجاڭنىڭ باغ ـ ئورمانچىلىقىنىڭ كۆلىمى چوڭ، ئەمما ئەلا بولماسلىق، سېتىش ئەندىزىسى يەككە بولۇش، سېتىش يوللىرى تارقاق بولۇش، ئىنچىكە پىششىقلاپ ئىشلەش يېتەرلىك بولماسلىق، كەسىپ زەنجىرى كەمچىل بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەن، نۇرغۇن باغۋەن «ئالتۇن تاغ»نى ساقلاپ نامرات تۇرمۇش كەچۈرگەن.

خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، شىنجاڭ رايون ئىچى سېتىۋېلىش تورى ۋە رايون سىرتى سېتىش تورىدىن ئىبارەت «ئىككى تور» قۇرۇلۇشىنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، خاس باغ ـ ئورمانچىلىق ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش رايونى، رايون سودا يىغىلىش، تارقىلىش ئورنىدا سەككىز توپ سېتىش بازىرىنى قۇرۇپ، خاس باغۋەنچىلىكنىڭ رىقابەت ئەۋزەللىكىنى ئاشۇردى.

«توردىكى نەق مال ئېلېكترونلۇق سودا سۇپىسى+تور سىرتىدىكى ئىشلەپچىقىرىلغان جايدا سودىلىشىش، يىغىش ـ تەقسىملەش مەركىزى تىجارەت ئەندىزىسى سودا تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىپلا قالماي، يەنە سودا ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى.» دېدى شىنجاڭ مېۋىچىلىك گۇرۇھى جەنۇبىي شىنجاڭ بازا بۆلۈمى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ يۈكمېي.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەرمۇ سېجىل كۈچىدى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاقسۇ ۋىلايىتى دۆلىتىمىزدىكى داڭلىق ئالما ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىنىڭ بىرى، ئىلگىرى سېتىش قىيىن بولغان ئاقسۇنىڭ بىختاڭشىلىق ئالمىسى شىنجاڭغا ياردەم بېرىش پۈرسىتىدىن پايدىلىنىپ ئېلېكترونلۇق سودا دەرسخانىسى ئارقىلىق «تورغا چىقىرىلىپ» نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى «ئۆتكۈر قورال»غا ئايلاندى.

## ئائىلە، كەسىپ بار بولدى

### نامراتلىق قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلاشتىن ئۈمىد بار بولدى

كەچ كۈزدىكى كوئېنلۈن تاغلىق رايونىدا ھاۋا ئاستا ـ ئاستا سوۋۇشقا باشلىدى. بىراق، ئۆي كۆچۈش خەۋىرى نۇرجامال ھوشۇرنىيازنىڭ قەلبىنى ئىللىتتى. «ئاكام ياشىنىپ قالغان ئانامنى ئېلىپ دائىم كەلكۈن كېلىپ تۇرىدىغان جىلغىدىن كۆچۈپ چىقىدىغان بولدى، مەنمۇ سىرتتا خاتىرجەم ئوقۇيدىغان بولدۇم.» ناھىيە بازىردىكى يېڭى ئۆينى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قەلبى ئۈمىدكە تولدى.

دۆلەت نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش سىياستىنى يولغا قويغاندىن بۇيان، نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش سۈرئىتى تېزلىشىپ، «ئۆزىنى ئۆزى باقالمايدىغان» جايلاردا ئولتۇراقلاشقان نامرات ئاھالە سىرتقا چىقىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. نۇرجامالغا ئوخشاش شىنجاڭدىكى 160 مىڭغا يېقىن نامرات ئاھالە ئارقا ـ ئارقىدىن تاغنىڭ ئىچكىرىسى ۋە قۇملۇقتىن كۆچۈپ چىقتى، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش سەۋىيەسى تېز ئۆستى.

نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش نۇقتىلىق يولغا قويۇلىدىغان رايون بولۇش سۈپىتى بىلەن، «13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى كۆچۈرۈلگەن نامرات نوپۇس 35 مىڭ 200 ئائىلىلىك 139 مىڭ 500 كىشى بولۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ كۆچۈرۈش ۋەزىپىسىنىڭ 87%نى ئىگىلىدى. كىچىك شەھەر ـ بازار، كەسىپلەر باغچە رايونى قاتارلىقلارغا تايىنىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان كۆچۈرۈلگەن ئاممىنىڭ تۇرالغۇ شارائىتى ياخشىلىنىپلا قالماي، يەنە باراۋەر ئاممىۋى مۇلازىمەت كاپالىتىدىن بەھرىمەن بولدى. نۆۋەتتە، شىنجاڭدا نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش بويىچە ياسالغان تاشيول 731 كىلومېتىرغا، ئىچىدىغان سۇ تۇرۇبا تورى 1256 كىلومېتىرغا، ئېلېكتر تورى 726 كىلومېتىرغا يەتتى، يەنە يانداشتۇرۇلۇپ مەكتەپ، يەسلى، داۋالاش ئۆيى، پائالىيەت ئۆيى قاتارلىقلار سېلىندى.

31 ياشلىق گۈلچىمەن نۇر ئائىلىسىنىڭ قۇملۇق چېتىدىن چىرا ناھىيەسىدىكى شىاۋكاڭ يېڭى مەھەللىسىگە كۆچۈپ كەلگىنىگە ئىككى يىل بولدى. ئۇ ناھىيە بازىردىكى بىر كىيىم ـ كېچەك دۇكىنىدا ئىشلەيدىغان بولۇپ، ھەر ئايدا مۇقىم، خېلى كۆپ كىرىم قىلىدىغان بولدى. ئۇنىڭغا ئوخشاش، شىنجاڭدا كۆچۈرۈلگەن 77 مىڭدىن ئارتۇق ئامما مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتى.

«تېخىمۇ قولايلىق بولغىنى، باللار ئىشىك ئالدىدىلا مەكتەپتە ئوقۇيالايدىغان بولدى» دېدى گۈلچىمەن. بۇ يىل شىنجاڭ 800 مىليون يۈەن ئاجرىتىپ، 22 ئېغىر نامرات ناھىيەدىكى مەجبۇرىيەت مائارىپىدىكى مەكتەپلەرنىڭ 395 مىڭ 300 كۋادرات مېتىر كۆلەمدە مەكتەپ ياتىقى سېلىشىنى قوللىدى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپىنىڭ مۇستەھكەملىنىش نىسبىتى 94.2%كە يېتىپ، نامرات ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇيدىغان مەكتىپى بولۇش، ئوقۇيالايدىغان بولۇش، ئوقۇشتىن چېكىنمەيدىغان بولۇشى ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

ئومۇمىي خەلقنىڭ ساغلاملىقى بولمايدىكەن، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەتمۇ بولمايدۇ. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش خىزمىتىنىڭ شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ، ئىستىھكامنى ئېلىشنىڭ كۈچەش باسقۇچىغا قەدەم قويۇشىغا ئەگىشىپ، نامرات ئاھالىلەرنى يېمەك ـ ئىچمەكتىن، كىيىم ـ كېچەكتىن غەم قىلدۇرمايلا قالماستىن، يەنە ئۇلارنى كېسەل كۆرسىتىدىغانغا جاي بولۇش، كېسەل كۆرسىتىش قولاي بولۇش، كېسەل كۆرسىتەلەيدىغان بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك. بۇ يىل، شىنجاڭ ئۇدا تۆتىنچى يىل ئومۇمىي خەلق سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇپ، ئاغرىقلارنى چوڭ كېسەل بولغاندا قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش، سوزۇلما كېسەل بولغاندا كېلىشىم بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى، ئومۇمىي مەنپەئەتدارلىق شەكلىدىكى ساغلاملىق ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ئاممىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش يولىدىكى «توسالغۇ»لارنى سۈپۈرۈپ تاشلىدى.

2018 ـ يىلى، شىنجاڭ يېزىلاردىكى نامرات ئاھالىلەرنى 15 خىل چوڭ كېسەلنى مەركەزلىك قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش ۋە سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەل كېلىشىمى مۇلازىمىتى بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك قاپلاشنى ئىشقا ئاشۇردى. بۇ يىل 8 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە، شىنجاڭدا كېسەل سەۋەبىدىن نامراتلاشقانلاردىن 40 مىڭ ئائىلە، 149 مىڭ كىشى بار بولۇپ، 2018 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكىدىن 22 مىڭ ئائىلە، 87 مىڭ كىشى ئازايغان.

شىنجاڭ نامرات ئاھالىلەرنى ئومۇمىي خەلقنى سۇغۇرتىغا قاتناشتۇرۇش پىلانىدىكى جەزمەن سۇغۇرتىغا قاتناشتۇرۇلىدىغان كىشىلەر تۈرىگە كىرگۈزدى، نۆۋەتتە پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئاھالىلەرنىڭ ئاساسىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتنىشىش نىسبىتى 99%كە يېقىنلاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە، 833 مىڭ 900 ئادەم كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى ھەققىنى ھۆكۈمەت ۋاكالىتەن تاپشۇرۇش سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولدى، 533 مىڭ 700 ئادەم كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولدى.

## يول ئېچىلدى

### قەلب ۋە كۈچ مۇجەسسەملىنىپ، ھاللىق سەۋىيەگە يۈرۈش قىلىندى

ئۇزاقتىن بۇيان، رايون، تەبىئەت، ئىقتىساد قاتارلىق ئامىللارنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتا يېزا ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرى كۆپ، يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يوللىرى تار، سۈپەت تۆۋەن، مۇقىملىقى ناچار بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەر گەۋدىلىك بولدى. دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتا قاتناش، سۇچىلىق، ئېلېكتر ئېنېرگىيەسىگە چېتىلىدىغان زور بىر تۈركۈم مۇھىم، زور تۈرلەر ئارقا ـ ئارقىدىن پۈتتى، ئىلگىرىكى «يانچۇق تېگى»دە يول تۇتۇشۇپ قاتناش باشلاندى، كەسىپ تەرەققىيات يولى بارغانسېرى كېڭەيدى.

«مېنىڭ ھازىر خىزمىتىم بار، ئىقتىدارىمغا تايىنىپ پۇل تاپىمەن، ئۆزۈمنىڭ ھازىرقى ھالىتىمنى ياخشى كۆرىمەن» دېدى ئۇچتۇرپان ناھىيەسى ئەيسەفېن توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك چەكلىك شىركىتىنىڭ ئىشچىسى ۋەتەنگۈل كېرەم خۇشال ھالدا.

ئىككى ئاي بۇرۇن، ۋەتەنگۈل تېخى ئۇچتۇرپان ناھىيەسىنىڭ ياركۆۋرۈك يېزىسى ياركۆۋرۈك كەنتىدىكى قازان بېشىدىن نېرى كېتەلمەيدىغان بىر ئائىلە ئايالى ئىدى، ئۇچتۇرپان ناھىيەسى ئەيسەفېن توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك چەكلىك شىركىتىنىڭ 1 ـ قارارلىق تۈرىنىڭ پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، ئۇ تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيەلەنگەندىن كېيىن زاۋۇتقا كىرىپ ئىشقا چۈشتى.

بۇ يەردە ئۇنىڭغا ئوخشاش ئىشقا ئورۇنلاشقان يېزا ئارتۇق ئەمگەك كۈچىدىن 900 نەچچە كىشى بار، ئۇلارنىڭ ئىچىدە نامرات ئائىلىلەردىكى ئەمگەك كۈچى 300 نەچچە.

2018 ـ يىلىدىن باشلاپ، شىنجاڭ دىققەتنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 22 ئېغىر نامرات ناھىيە(شەھەر)گە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۇنىۋېرسال تەدبىر قوللىنىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يوللىرىنى كېڭەيتىش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بوشلۇقىنى كېڭەيتىش قاتارلىق يوللار ئارقىلىق ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەردىكى 120 مىڭدىن ئارتۇق ئەمگەك كۈچىنىڭ يۆتكىلىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ياردەم بەردى.

سىزىش، كېسىش، تىكىش، سوغۇق چاپلاپ شەكىلگە كەلتۈرۈش، ئوراپ قاچىلاش... خوتەن ناھىيەسىدىكى ئاياغ ـ خۇرۇم كارخانىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سېخىغا كىرگەندە، ئازادە، يورۇق، پاكىز زاۋۇت ئۆيىدە ماشىنىلار گۈرۈلدىگەن، ئالدىراش مەنزىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

«چوڭ، ئوتتۇرا ئاياغ زاۋۇتلىرىنى باغچە رايونىغا مەركەزلەشتۈرۈش، كىچىك تىپتىكى ئاياغ پىششىقلاش كارخانىلىرىنى يېزا ـ كەنتلەرگە ئۇزارتىش، يۈرۈشلۈك كەسىپلەرنى باغچە رايونى ئەتراپىغا توپلاش» تەرەققىيات يۆنىلىشى بويىچە، ئىلگىرىكى ئۇلى ئاجىز، ئاساسى ناچار بولغان خوتەن ناھىيەسى ئاياغ كەسپى كەسپلەر باغچىسىغا تايىنىپ، ياساش، ئەشيا ئوبوروتى، ئىجادىيەت، تەربىيەلەش بىر گەۋدىلەشكەن جەنۇبىي شىنجاڭ «ئاياغ شەھەرچىسى» بەرپا قىلىپ، 1 ـ قارارلىق تۈردىلا 5000دىن ئارتۇق ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلىدى. ئاياغ كارخانىلىرى ياغمۇردىن كېيىنكى بامبۇك نوتىسىدەك جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى.

قول ھۈنەرۋەنچىلىك، توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك، خاس تېرىقچىلىق ـ باقمىچىلىق... ئەمگەك كۈچى كۆچۈملەشكەن بۇ كەسىپلەر، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە مۇھىم رول ئوينىماقتا ھەم داۋاملىق مۇھىم رول ئوينايدۇ.

يېقىندا، مەكتەپ پۈتكۈزگەن مېھراي ئەنۋەر كۇچا ناھىيەسىنىڭ ئۈچچۆستەڭ يېزىسى ئارا مەھەللە كەنتىدىكى كىيىم ـ كېچەك زاۋۇتىغا قايتىپ كېلىپ ئىشقا چۈشتى. «مەن ئۆگەنگەن كىيىم ـ كېچەك لايىھەلەش كەسپىنى ئىشقا سالىدىغان سۇپا بار بولدى، مەن تېخنىكىنى ياخشى ئۆگىنىپ، ئۆزۈم ئىگىلىك تىكلەپ، تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولىمەن» دېدى مېھراي.

ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە تەربىيەلەش، ھەقىقىي ئىسمى بىلەن ھەرىكەتچان باشقۇرۇش ئارقىلىق، شىنجاڭ ھۆكۈمەت يېتەكچىلىك قىلىشنى ئاساس قىلغان تەشكىللىك يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يېڭى مېخانىزمى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئۇزاق مۇددەت ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى نامرات ئاھالىلەرنى ھەممە ئائىلىنىڭ يولى بولۇش، ھەممە ئادەمنىڭ قىلىدىغان ئىشى بولۇش، ھەر ئايدا كىرىمى بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

ئاچقۇچلۇق مەزگىلگە يېقىنلاشقانسېرى، شۇنچە غەيرەت قىلىپ ئىشلەش كېرەك. ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، غەيرەت بىلەن ئاتلىنىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ تۇپرىقىدا چوقۇم ئەڭ ئاخىرقى نامراتلىق قورغىنىنى ھۇجۇم قىلىپ ئالالايدۇ.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**